# چىقىرە، چىقىرە بىز سەدىقە يېمەيدىغانلىقىمىزنى بىلمىدىڭمۇ؟

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەدىقە خورمىلىرىدىن بىرنى ئېلىپ ئاغزىغا سېلىۋالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: چىقىرە، چىقىرە بىز سەدىقە يېمەيدىغانلىقىمىزنى بىلمىدىڭمۇ؟ يەنە بىر ئىبارىدە: بىزگە سەدىقە ھالال بولمايدۇ، دېگەن
سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان -]
[ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان

ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زاكاتتىن يىغىلغان خورمىلاردىن بىر تال ئاغزىغا سېلىۋېدى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەرھال ئۇنى چىقىرىۋېتىشكە بۇيرىدى ۋە خىھ خىھ -دە، دېدى. يەنى ئۇ خورمىلارنىڭ ھەسەنگە دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: بىزگە سەدىقە دۇرۇس بولمايدۇ، دېدى. سەدىقە ئال-مۇھەممەدكە«رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلىسىگە» ھالال بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار شەرەپلىك كىشىلەر، زاكات بولسا پۇل-ماللارنىڭ كىرى، شەرەپلىك ئىنسانلارغا كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىنىڭ كىرى مۇناسىب كەلمەيدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: بىز مۇھەممەد ئائىلىسىگە سەدىقە ھالال بولمايدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ كىرى، دېگەن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10102

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee